## 10280 ـ گۇناھ ـ مەسىيەتتىن قانداق قول ئۈزۈمەن؟

### سۇئال

مەن ئىسلام شەرئىتىدە كۆرسىتىلگەن ياخشى ـ يامانىنى بىلىمەن، لېكىن مېنىڭ سىلەردىن سورايدىغان سوئالىم : گۇناھدىن قانداق قىلغاندا ئۈزۈل ـ كېسىل قول ئۈزۈش مۇمكىن بولىدۇ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

بارچە ھەمدۇ ـ سانا ئۇلۇغ ئاللاھقا خاستۇر.

جانابى ئاللاھ ئىنسانىنىڭ روھى گۆزەللىكىگە سەلبىي تەسىر يەتكۈزىدىغان ئىشلارنى بەندىسىگە ھارام قىلغاندا بەندىسىنى ھەرگىزمۇ تاشلاپ قويمىدى، بەلكى بەندىسىنىڭ يامان ئىشلاردىن يىراق بولىشىغا ياردەمچى بولىدىغان ھەر تۈرلۈك قولاي ۋاسىتىلەردىن پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئاسانلىقلارنى يارىتىپ بەردى.

1– جانابى ئاللاھقا بولغان ئىمانىنى كۈچلەندۈرۈش بىلەن بىرگە ئاللاھدىن قورقۇش.

2– جانابى ئاللاھنىڭ ھەر ۋاقىت كۆرۈپ تۇرغۇچى ۋە كۆزەتكۈچى ئىكەنلىكىنى، بەندىلەرنىڭ قىلغان پۈتۈن ئىش ـ ھەرىكەتلىرىنىڭ يېزىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىش.

3– گۇناھ ئىشلەپ ۋاقىتلىق ھۇزۇر ئېلىش بىلەن، ئۇ گۇناھ ئۈچۈن قىيامەت كۈنى تارتىدىغان جازانى سېلىشتۇرۇشى، ھەمدە چەكلەنگەن ئىشلاردىن يىراق تۇتقانلارنىڭ ئاللاھنىڭ بۈيۈك مەرھەمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقىنى ھېس قىلىشى لازىم.

4– گۇناھ ـ مەسىيەتكە ھەيدەكچى ۋە ياردەمچى بولىدىغان ۋاسىتىلەردىن يىراق بولىشى، ئەرلەر يات ئاياللارغا، ئاياللار يات ئەرلەرگە تىكىلىپ قاراشتىن، يامان ئەخلاقلىق دوستلاردىن، گۇناھ ـ مەسىيەت سادىر بولىدىغان ئورۇنلاردىن يىراق بولۇش. بىلىملىك، سالىھ، تەقۋادار كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇشقا ئالدىرىشى كېرەك. ئەۋۋەل جانابى ئاللاھنىڭ پەزلى، ئىككىنچىدىن يۇقىرىقى ۋاستىلار ئارقىلىق ئىنسان ئۆزىنى گۇناھ ـ مەسىيەتتىن ساقلاپ قالالايدۇ.

ئاللاھ ئەڭ ياخشى بىلگۈچىدۇر.